# مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ئېير تېغىدىن سەۋر تېغىغا قەدەر هارام قىلىندى، كىمكى بۇ يەردە شەرىئەتتە يوق بىر ئىشنى پەيدا قىلسا ياكى بىر بىدئەتچىنى قانات ئاستىغا ئالسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

يەزىد ئىبنى شەرىك ئىبنى تارىقتىن رىۋايەت قىلىنىشچە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەردە خۇتبە سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ خۇتبىسىدە: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىزدە قۇرئان كەرىم ۋە بۇ ۋاراقتىكى نەرسىدىن باشقا ئوقۇيدىغان كىتاب يوق دەپ ئۇنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ۋاراقچىدا: تۆگىنىڭ ياشلىرى، يارىلاندۇرۇشقا ئالاقىدار دىيەتلەر بار ئىكەن. شۇنداقلا يەنە رەسۇلۇللاھ: «مەدىنە ئېير تېغىدىن سەۋر تېغىغا قەدەر هارام قىلىندى، كىم بۇ يەردە شەرىئەتتە يوق بىر ئىشنى پەيدا قىلسا ياكى بىر بىدئەتچىنى قانات ئاستىغا ئالسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى بىردۇر، ئۇنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك مۇسۇلمانمۇ قىلالايدۇ. كىم قايسى بىر مۇسۇلمان بەرگەن ۋەدىنى بۇزۇۋەتسە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى پەرز ياكى نەپلە ئىبادەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىم ئۆز دادىسىدىن باشقا ئادەمنى دادام دەپ دەۋا قىلسا ياكى ئازات قىلىنۋەتكەن ئىگىسىدىن باشقا بەر ئادەمگە نىسبەت بەرسە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن. شۇنداقلا ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى پەرز ياكى نەپلە ئىبادەتنى قوبۇل قىلمايدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزدە ئوقۇيدىغان قۇرئان كەرىم ۋە بۇ ۋاراقچىدىن باشقا نەرسە يوق دەپ ئۇنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا تۆگىنىڭ دىيەتلىرى، يارىلاندۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملىرى بار ئىكەن. يەنە ئۇنىڭدا رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىنى ئېير تېغىدىن سەۋر تېغىغىچە مەككىگە ئوخشاش هارام قىلغانلىقى، كىم ئۇ يەردە دىندا يوق بىدئەتلەرنى پەيدا قىلسا ياكى مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بېرىشكە سەۋەب بولغان بولسا ياكى دىندا يوق بىر ئىشنى پەيدا قىلغان بىدئەتچىنى قانات ئاستىغا ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتىنىڭ بولىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە ئۇنىڭدا: مۇسۇلماننىڭ كاپىرغا بەرگەن ئامانلىقى تونۇشلۇق شەرتلىرى بىلەن بولسا ھىمايە قىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇ كاپىرغا مەزكۇر مۇددەت ئىچىدە چېقىلىشنىڭ هاراملىقى كۆرسىتىلگەن. كىم مۇسۇلماننىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇپ، كاپىرغا چېقىلسا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىم دادىسىدىن باشقا ئادەمنى دادام دەپ تۇرۇۋالسا ياكى ئازات قىلىپ قويغان ئادەمدىن باشقىسىنى خوجايىنىم مۇشۇ دەپ تۇرۇۋالسا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئازات قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغانلىق سەۋەبىدىن، مىراسخۇرلۇق ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىنى زايا قىلىۋەتكەن